ئەدەبىيات گۈلزارى

## تۈن تۇيغۇلىرى

ئوسمانجان ساۋۇت

1

سۆيگۈگە سۆيگۈمەن باغرىمدا مۇز يوق،
سەبىيگە سەبىيمەن نۇردەك پارلىغان.
كۆي بەرسەڭ كۆڭلۈمگە جىنىم تەسەددۇق،
شەنىڭگە ئەقىدەم مەڭگۈ ئارمىغان ①.
خۇيۇڭنى خۇي ئۈچۈن ۋەكىل سايلىدۇق،
(قالمىدى بىرمۇ باغ ئىزدەپ بارمىغان.)
قىدىرىپ يۈرىمەن خۇشبۇيىڭنى گۈل،
ھەم ئىسىل كۆلكەڭنى سۆيۈملۈك دىلدار.
كۆزلىرىم تۈنلەردە يۇلتۇزدۇر پۈتكۈل،
شەپىلەر بېرىدۇ، بولجۇتماي بىدار.
«قورام تاش كۆلمەكتە ئىگەم سەنمۇ كۆل
تىلىگەن بەختلەر كۆرسەتتى دىدار.»
تەشەككۈر سىلەرگە ئەي پەرىشتىلەر،
يولۇمدا يورۇقلۇق تۆكتۈڭلار ئەجەب.
باغلىدىم سىلەرگە ئالتۇن رىشتىلەر،
ھەربىرى بىر ئالتۇن ئالەمكەنغۇ دەپ.
ئالتۇننى تاۋلايدۇ ھامان كۈشتىلەر ②
(ئالتۇندەك بولۇشنى نېسىپ قىل يارەب!)
قولاقتىن قويۇلغاچ يۈرەكلەرگە بال،
تۈنلەردىن مەن يەنە ئالدىم كۆپ ھايات.
ئىزغىرىن سايىلەر تىترىدى غال-غال،
قالتىس بىر ھەيرەتكە قالدى بۇ ھايات.
بىر تىۋىش بولسىمۇ ئىزگۈلۈك دەرھال،
ياراتتى پەرۋازدا ئۆپرىماس قانات.

2


دېرىزەمنى چېكىپ قالدى ئاي بۈگۈن ئاخشام،
مەندىن ئاڭا نېمە كېرەك، قانداق بىر سادا؟
زۇغۇپلارنىڭ كۆزى بىلەن ساماغا باقسام،
ئوت يۇلتۇزلار يىغىلىشىپ بوپتۇ بىر پادا.
يىراقلاردىن ئاڭلانماقتا ئۈنتۈلغان ناخشام،
دىل ياپرايدۇ ياپرىماسلىق بولغاندا ئادا.
پەرىشتىلەر ئۆتۈشمەكتە ئالدىمدىن رەڭدار
قاناتلىرى تىكەر تامغا، ھاۋاغا، جانغا.
ئەن سالىمەن ھەر بىرىگە بول دەپ تەشرىپدار،
ئوي سالىمەن ئويلىرىغا تول دەپ جاھانغا.
سۆيگۈ يوغان كەڭلىكلەردە مەن بار، روھىم بار،
يېلتىز ئىرۇر چۈنكى قۇياش ئەزەلدىن قانغا!
تۇرتۇپ چىقار تاملىرىمدىن خۇش بۇي ئارچىلار،
ئۆزنىسىمان بۇيۇكلەرگە توقۇشۇپ داستان.
ياپرىقىدىن تەپچىرەيدۇ كەۋسەر تامچىلار،
ھەر بىرسىدە چاراقلايدۇ بىر بىللۇر ئاسمان.
چوققىدىكى قارغالداقلار ④ چۈشسە ئېتەككە.
دېرىزەمنى چېكىپ قالدى ئاي بۈگۈن ئاخشام،
قالدى بەلكىم خۇي-پەيلىمنى بۇ قېتىم بىلىپ.
باسقۇن قىلغان ھوشلىرىمنى يىلىنجاپ ئىلھام
يول بەرمىگەن جاندارلارنى تىغىدا تىلىپ.
ئەي ئىزگۈلۈك سىنىڭ ئۈچۈن قولۇمدا زەرقان،
يۈرىكىمنى ئىشكىڭگە قويىمەن ئىلىپ!

3

مەخمەلدەك قىرغاقتا يۈرسەن يالغۇز،
ئاي بىلەن يۇلتۇزدىن مېنى سورايسەن.
كۆيۈلدەپ پۈرايمەن تەنلىرىم يالپۇز،
قاراڭغۇ سەزگۈڭنى نۇرغا ئورايسەن.
مۆجىزە كەڭلىكلەر ئالار ئىسىڭنى،
ۋە يەنە خىيالغا چۆكۈپ كېتىسەن.
ئالەمدەك ۋەزنى بار رەڭدار ھىسىڭنى،
چۈشۈڭدە كۆتۈرۈپ ماڭا يىتىسەن.
مەن ئىگىپ تۇرىمەن بېشىمنى بەلكىم،
تۆكۈلەر كۆزۈمدىن كۆزۈڭگە ھەسرەت.
تىلەيسەن شۇ چاغدا ئويغۇنىڭ تەركىن،
كېتىمەن ئەيشىڭدىن خىلىلا پەسلەپ.
كىمگىدۇر سۆزلەيسەن چۈشۈڭنى جورۇپ،
بىرەر دەپ ياخشى ۋە بىگى بىر تەبىر.
(قالسىمۇ كۆڭۈللەر بىر ھازا يورۇپ،
غايىپنى سۆزلىمەك گۇناھى كەبىر.)
ئاسماندا نەي چالار تۇرنىلار گاھى
قالسەن خىيالدا قولۇڭنى بۇلغاپ.
دەيسەندە نەدىكىن ئانا دەرگاھى،
كېتىدۇ قەلبىڭنى سىغىنىش چۇلغاپ.
... سۆيگۈلۈك تۇيغۇلار قاينام ۋە قىيان
ھەممىنى كۆيدۈرەر، يارىتار يەنە.
ئالەمدە ھېچكىمنى يىگەلمەس ھىجران
ئاشۇنداق تۇيغۇلار قىلسا تەنتەنە.

4

مەنمۇ بار، سەنمۇ بار تېخى ئۆلمىدۇق،
پىتىشمەس ۋە لېكىن ماختاشقا ھىممەت.
ئەقلىنى سەزگۈدىن تېخى بۆلمىدۇق،
مەن ئەرزان، سەن ئەرزان ئۆزگىلەر قىممەت.
ئىسمىمنى ئاتايسەن يىرگىنىپ تۇرۇپ،
ۋەزنىمنى سامان دەپ بىلسەن پەقەت.
مۇنچاقنى داڭلايسەن تىنماي دەم ئۇرۇپ،
كۆزۈمنى سۆكۈسەن يافدۇرۇپ لەنەت.
مەن يازغان سەترلەر ياقمايدۇ ساڭا،



ھەجەپ سىپتا ياسىلىپتۇ. نۇردۇن ئابدۇ سەمەت فوتوسى

## ئالتاي ئەسرالىرى

تەلئەت ناسىر

### بۈركۈت

كىم غوجىسى تاغ- تاشنىڭ دەپ، توۋلىسام،
سادا كەلدى «كىم... كىم...» دەپ، تاغ ئىچىدىن.
ئەكس-سادا ئۈچمەي تۇرۇپ، بىر بۈركۈت
ئۇچۇپ ئۆتتى ھەيۋەتتە باش ئۈستۈمدىن.

تاشلىرىڭدىن بۆرتۈپ چىققان گۆھەرلەر،
مېنى قانچە تارتسىمۇ ئۆز مەيلىگە.
تەۋرىمەيمەن چۈشمەس ئاڭا كۆز قىرىم،
ئالتايلىقلار بار قەلبىمنىڭ تەختىدە.

### سايرا بۇلبۇل

سايرا بۇلبۇل كۆيلىرىڭنى تاراتقىن،
ئىلھاملىرىم گۈل بەرگىدەك تىترىسۇن.
مۇنچىلارغا تەشنا نازلىق ۋۇجۇدۇم،

قاناتلىرى بۇلۇتلارنى توزىتىپ،
سالدى ئاي، ھاي كەلا سامانى لەرزىگە.

ئەدەبىيات گۈلزارى

## شېئىر ۋە پارچىلار

جېلىلى

### تەۋرەنمەيدۇ ئۆلمىز

مۇقىملىقتا گۈللىنەر ئالەم،
مۇقىملىقتا سۆيگۈ مۇجەسسەم.
سىلىنىدۇ بەختكە ئاساس،
سۆيگۈ بىلەن پۇختا- مۇستەھكەم.

بولسا ئەگەر نەدە مۇقىملىق،
شۇ يەرنى ئۈز ئالەم دېگۈلۈك.
مۇقىملىقنى بۇزسا كىمكى،
ئۇنى قانداق ئادەم دېگۈلۈك؟

مۇقىملىققا موھتاج بۇ دۇنيا،
بىزگە كېرەك تىنچلىق- ئامانلىق.
يول قويمايمىز ھەممىز بىردەك،
شۇم نىيەتلەر قىلسا يامانلىق.

ئىناقلىقتىن قۇردۇق ئىستىھكام،
تەۋرەنمەيدۇ ئۆلمىز بىزنىڭ.
تۇرار مەڭگۇ خۇش پۇراق چېچىپ،
بەخت- ئىقبال گۈلىمىز بىزنىڭ.

### بىرلىك ئەلا ھەممىدىن ماڭا

بىر ماقال بار بىزدە ھېكمەتلىك،
«ئىش ـ ئۆملۈكتە، كۈچ ـ بىرلىكتە» دەپ.
مەن ياشايمەن ئايرىلماي تۇپتىن،
ھەر ئىشىمدا ئەل غېمىنى يەپ.

ئۆملۈك بىلەن بىرلىك قوشكېزەك،
ئۆملۈك بىلەن ياپرايدۇ جېنىم.
بىرلىك بىلەن قۇدرىتىم ئېشىپ،
ۋۇجۇدۇمدا ئۇرغۇيدۇ قېنىم.

بېغىشلىغاچ ئۆملۈك ۋە بىرلىك،
مەڭگۈلۈك پاك مۇھەببەت ماڭا؛
جەڭ ـچېلىشنىڭ قايناملىرىدا،
كار قىلالماس مۇشەققەت ماڭا.

ھەممىدىن بەك ئەلا ۋە ئەزىز،
ئۆملۈك بىلەن بىرلىك مەن ئۈچۈن.
چىن يۈرەكتىن سۆيۈپ مەن ئۇنى،
جان تىكىمەن ئەل-ۋەتەن ئۈچۈن.

### پارچىلار

گۈزەللىك ھاياتنىڭ كۆركى ـ زىننىتى،
ياراتقان ئۇنى چىن ئىنسان مېھنىتى.
گۈزەللىك ئۈچۈن تەر تۆكمىگەنلەرنىڭ،
نە بولسۇن دۇنيادا قەدرى- قىممىتى.

× ×

بەزىلەر كۆچتۈڭگۈر كېلىدۇ قەۋەت،
ۋە لېكىن قولىدىن ئىش كەلمەس پەقەت،
يارىلار دۇنيادا نى-نى مۆجىزە،
كۈچ بىلەن بىرلەشسە ئەقىل- پاراسەت.

× ×

بىباھا گۆھەردۇر ئىلىم ۋە ھۈنەر،
ئۆگەنگىن سەن ئۇنى، بولغىن مۇنەۋۋەر.
تەر تۆكۈپ بىر ئۆمۈر ئەجداد يولىدا
قوغدىغىن ئەل- ۋەتەنچۈن يۈكسەك شان- زەپەر.

× ×

بولماق تەس ھاياتتا نۇقسانسىز ئادەم.
ھايۋانغا ئوخشايدۇ ھاياسىز ئادەم.
بولسا كىم ئەخلاقلىق، پاك- دىيانەتلىك،
سانىلار ئۇ تەھقىق باھاسىز ئادەم.

× ×

بۇرادەر، قارا سىنما ھەققەتكە،
بېرىلمە ئويۇن، ئىشرەت، پاراغەتكە.
ئۆچۈرمە ئادالەتنىڭ مەشئىلىنى،
قالمايمەن دېسەڭ يامان ئاقىۋەتكە.

× ×

ياخشىغا يانتاياق بولماق ئۇلۇغ ئىش،
يامانغا كۆز ـ قۇلاق بولماق ئۇلۇغ ئىش.
ۋەتەنگە ئەبەدكە نۇسرەت ياغدۇرۇپ،
ئەل ئۈچۈن نۇر چىراغ بولماق ئۇلۇغ ئىش.

× ×

بەئەينى ھەيكەلدۇر تىلەكسىز ئادەم،
قورقۇنچاق كېلىدۇ يۈرەكسىز ئادەم.
كىمكى تىلەكسىز، يۈرەكسىز بولسا،
ئەل ئۇنى ھېسابلار كېرەكسىز ئادەم.

× ×


بۇرادەر، ئاما بىلەن يېرىكلەشمە،
بەدنىيەت ئادەم بىلەن شېرىكلەشمە.
ئىقبالىم مەڭگۈ پارلاق بولسۇن دېسەڭ،
پاك بولغىن، ئېسىڭدە تۇت چىرىكلەشمە.

غا ...

ياپرىقىدىن تەپچىرەيدۇ كەۋسەر تامچىلار،
ھەر بىرسىدە چاراقلايدۇ بىر بىللۇر ئاسمان.
ئۆڭگەكلەرگە بىر قولىدا مېڭىبىر قامچىلار،
تاغدەك ئېغىر مەنالارنى باغرىغا باسقان!
يولدا تاشلار جاۋاھىرغا ئايلىنار شۇندا
ئاپىسىدىن ئۆتەر يەل بوپ ياۋنىڭ ئەفسۇنى.
ئوغۇز سۈتتەك جاھان پەيدا بېگىدىن بۇندا،
ھەممىمىزنىڭ تىلىگىنى، مەڭگۇ مەپتۇنى.
قىڭغىر ماڭغان نىيەتلەرنىڭ مەنزىلى گۇندا،
بىزنى ئاۋلار تاغ-داۋاننىڭ بوران چاپقۇنى.
چۆمۈلمەن تۇيغۇلارغا ئۆمرۈمدە ھەر كۈن،
ئوخشاپ قالار ئەزىز كۆڭۈل ئاپئاق چېچەككە.
بولسا دېيمەن ئاق شولىلار ھەمىشە كەلكۈن،
زەھەر تىللار يۆگۈلۈپ شۇ تۆمۈر پىچەككە
پېشلىمىسە، تىل تىغىدىن ساق تۇرسا ئەلكۈن③

كۆزۈمنى سۆكۈسەن ياغدۇرۇپ لەنەت.
مەن يازغان سەترلەر ياقمايدۇ ساڭا،
ئۆزگىچە جۆيلۈشتىن ئالسەن «مەدەت».
تەگرىدىن گەر ۋەھيي كېپقالسا ماڭا،
تەن ئالماي ئۇنىمۇ دەيسەن بىر «بىدئەت».
مەن چىققان چوققىنىڭ تەرپى ئويمان،
مەن تەرگەن گۈللەرمۇ جەزمەن خارۇخەس.
ئۆزگىنىڭ گىياھى چايقالغان ئورمان
ھىكمەت ۋە ئېپارغا چۈلغانغان پەۋەس.
كېسىلگەي قېرىنداش بۇچېغىر يوللار،
تورۇغاي باشلاردىن بۇ مەشئۇم قىسمەت.
بىز تىرىك چاغلاردا چىرماشسۇن قوللار
پارلىسۇن قەدىرىمىز، يانسۇن مۇھەببەت.

① سوۋغات② ئوتقا سېلىش③ خەلق④ قارلەيلىسى



تېتىمسا پۇل بەرمە ...
مۇھەممەت سابىت فوتوسى

سالدى ئاي، ھاي كەڭ سامانى لەرزىگە.
كۈن چاقىسمۇ كۆزلىرىملى، تىكىلىپ
قېتىپ قالدىم پەرۋازىنىڭ پەيزىگە.

چوققىلارنىڭ تاجىكەن، دەپ تەلمۈرسەم،
تاغنى تاشلاپ ئوخچىدى كۆك قەرىگە.
سىلكىگەندە قانىتىنى ھەر قېتىم،
بولدى ئاسمان - يەر كەلگەندەك لەرزىگە.

كۆزلىرىدىن چاقنىغاندا ئۈمىدىم،
تومۇرلاردا بولدى قېنى ئاققاندەك.
پاتماي تەنگە خۇشاللىقىم سۆيۈندىم،
گويا ئۇندىن ياشلىقىمنى تاپقاندەك.

شامالارغا شاۋقۇن بەرگەن پەيلىرى،
ئەپ چىقارگەن يالقۇننى كۆك قەرىگە.
قەيسەرلىكى ئىرادەمنى تاش قىلىپ،
ئايلاندۇردى قەلىمىمنى نەيزىگە.

## ئالتۇن دىيار

چوققىلاردەك قىرلاپ بادام بۆكۈمنى،
بايۋەتچىدەك سېنى دەسسەپ يۈرىمەن.
جىلۋىلەنسەڭ ئالتۇن پەتنۇس يۈزىدەك
گۈللىرىڭنى لەئەل، ياقۇت كۆزىمەن.

شاھزادىسى بولدۇم ئالتۇن ئوردىنىڭ،
قەدەملىرىم ئىز سالغاندا باغرىڭغا.
ئىللىقلىقىڭ قوچقاندا ھېس- تۇيغۇمنى،
ياتسىراشنى ئۇيات بىلدىم ئالدىڭدا.

قېرىنداشىم ئۆتۈپتۇ بىر زامانلار،
گۈل باغرىڭنى قىلىپ يۇرت- ماكانى.
بۈگۈن كېلىپ قۇچىقىڭدا يايرىشىم،
ساڭا بولغان ئامراقلىقنىڭ داۋامى.

جۇشقۇن ئېقىپ شاۋقۇنلىغان سۇلىرىڭ،
ئۇنلىرىمنى ئايلاندۇردى ناخشىغا.
سادىقىسى بولسۇن ياڭراق كۈيلىرىم،
سەندە ئۆسۈپ، سېنى سۆيگەن بارچىغا.

تۇپراقلىرىڭ زەر سۈمۈرۈپ قۇياشتىن،
خەزىنىگە ئايلىنىپتۇ تاغلىرىڭ.
تۈنلىرىدە يۇلتۇزلارغا يار بولۇپ،
ئاي، قۇياشتەك ئۆتىدىكەن چاغلىرىڭ.

ئىلھاماتىرىم گۈل بەرگەندەك ئېتىرسۇن،
مۇڭچىلارغا تەشنا نازلىق ۋۇجۇدۇم،
پىغانىڭنىڭ زىل ئەۋجىدە تىتىلسۇن!

بىردە ئۆزۈم، بىردە ئۆزۈم ئەمەسمەن،
خەندانىڭدىن ھوشۇم قاچقان سېھرىڭدە.
بىردە قايغۇ، بىردە شادلىق ئاۋارە،
شامۇ سەھەر ساڭا باققان چېھرىمدە.

سايرا بۇلبۇل ناۋالىرىڭ يۈرەككە،
قىزىلگۈلنىڭ تىكىنىدەك قادالسۇن.
تاش ئەمەسمەن مۇڭنى بىلمەس، يا ياغاچ،
يۈرىكىمدە يېڭى ھېسلار يارالسۇن!

## يايلاق ھىجرانى

كۆي - كۆيلىدىم مەخمەل يايلاق باغرىدا،
ئاۋازىمنى جاراڭلاتقىن كۆك ئاسمان.
چىمەنلەردە ئۆسسۇل ئويناپ قانمىدىم،
بېيىتىمنى ئېلىپ قالغىن بۆك ئورمان.

خىياللىرىم قاچماق بولۇپ يۇلقىنار،
تۇمانلارنى غىدىقلىغان چوققىغا.
تىپىرلايدۇ يۈرىكىمدە ئارمانلار،
قاندۇرماستىن مېنى شېرىن ئۇيقۇغا.

باتۇر كۆكتىن تاشقا ئۇرغان خەنجەردەك،
شارقىراتمىلار ۋۇجۇدۇمنى ياشىنتار.
گۈلدار زېمىن تاراتقان خۇش پۇراقلار،
يۈرىكىمگە سادا بېرىپ ئاھلىتار.

تاشتىن تاشقا سەكرەپ قاچقان زىلال سۇ،
كۆز تىككەنگە قايرىلىپمۇ باقمايسەن.
نېچۈن مۇڭلۇق خىيال باسقان يۈزۈمگە،
ئەندىكتۈرۈپ مارجىنىڭنى چاچمايسەن.

بولماسمىدى رەڭدار گۈللەر، گىياھلار،
ئاشىقلاردەك شۇئىرلاشساق، سىرداشساق.
ناز-كەرەشمە، خۇلقلارنى چىقىرىپ،
بەزەن يېنىپ، بەزەن ئۆچۈپ قېيداشساق.

كەتتىم بۈگۈن، خۇش قال گۈزەل يايلىقىم،
يۈرىكىمنىڭ سىرلىرىنى ئېلىپ قال.
ئۆزگەن گۈلدەك قايتتىم تىنجىق شەھەرگە،
ھىجرانىمدا سەنمۇ بىللە يېنىپ قال!

## ئەدەبىيات گۈلزارى

## ... غا

نەمەت ناسىر


شەرەپ قۇچسام قىلغان ئىشىمدا،
پۈچۈلاندىڭ تالاي كۈن ۋە تۈن.
سايىدەكلا يۈردۈڭ قېشىمدا،
ئاق، قارا دەپ چىقارماستىن ئۈن.

قاراپ باقسام كۆڭلۈڭ بىئارام،
يۇتۇۋالغان ئادەمدەك ئاداپ.
چىرايىڭمۇ سېرىق زەپىرەڭ،
ئۆزۈڭمۇ خوپ كېتىپسەن ياداپ.

بىرىلمىگىن ھەسەتكە ئۇنچە،
ھەسەت دېمەك مېتىدۇر بىلسەڭ.
ھەسەت بىلەن ئۆلپەتلەشكەننىڭ،
قەلبى مەڭگۈ زىندىدۇر بىلسەڭ.

دەۋىتىم شۇ قەددىڭنى رۇسلاپ،
قارا كۆككە، يۇلتۇز بىساناق.
بىر-بىرىگە جىلۋىلىك بېقىپ،
تۇرۇپتىغۇ شۇنچە ئۈم- ئىناق.

ئېيتىپ قوياي، پەرۋايىم پەلەك،
ماڭا قىلغان ھەسىتىڭ ئۈچۈن.
توغرىسى بىز ئۆتەيلى ئىناق،
نېنىمىزنى پۈتۈنلەش ئۈچۈن!



تاغ ئۈستىدە تاغدەك قامەت
ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى

لى تېيىڭ مۇنداق دېدى:

# سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن خەۋىرى.** ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى تېيىڭ يېقىندا بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق دېدى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىككى تۈپ بۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا قانۇن ئارقىلىق بېتەكچىلىك قىلىش، تۈرتكە بولۇش ۋە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى تېيىڭ مۇنداق دېدى: پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش - ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم فاكچېن، ئېلىمىز ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، سىجىل تەرەققىياتنى ساقلاپ قېلىش، ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. پىششىق يېتىلگەن بازار ئىگىلىكى مۇقەررەر ھالدا مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇن سىستېمىسى بەرپا قىلىشتا بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش كېرەك.

لى تېيىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش - يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇڭا يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش كېرەك. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ مەقسىتى - ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. شۇڭا بىز ھەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا لايىقلىشىپ، قانۇن - تۈزۈمنى ئۈزلۈكسىز تەكشەپ تۇرۇشىمىز، ھەم قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قوغدىشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادنى قوغدىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

لى تېيىڭ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش - ئۇزاق مۇددەتلىك مۇرەككەپ ۋەزىپە. بۇنىڭدا قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا تايىنىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداش كېرەك. «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.



يازلىق تەتىل پېتىپ كېلىشى بىلەن شىنجاڭ ساۋەن ناھىيىسى نيۇجۈەنزى چارۋىچىلىق مەيدانى مەكتىپىدە پىگىدىن قۇرۇلغان «دومبىرا» كۇرسى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى

پېڭ پېييۈن مۇنداق دېدى:


# يېزىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئىشلىرىنى پائال، پۇختا، ساغلام راۋاجلاندۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېجىڭ خەۋىرى.** نوپۇسنىڭ ئون پىرسەنتىكمۇ يەتمەيدۇ. قىلىپ قويىمىز دەپ ئەنسىرەۋاتىدۇ. شۇنى



← جۇڭگونىڭ قارىغا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى ياڭ لىڭ ۋە شاۋجۈن 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئەرلەرنىڭ ئون مېترلىق ھەرىكەتچان نىشانغا تەككۈزۈش مۇسابىقىسىدە ئايرىم ھالدا 685.8 ۋە 679.8 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئالتۇن مېدال ۋە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. سۈرەتتە: ياڭ لىڭ (ئوڭدا) ۋە شاۋجۈن مېدال ئېلىش سەھنىسىدە.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى (فوتو تېلېگراف)



← جۇڭگو ماھىرى لې جىنيى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 26 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاياللارنىڭ 50 مېترغا ئەركىن ئۈزۈش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە 24 سېكۇنت توققۇز دەقىقىلىك نەتىجە بىلەن كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى (فوتو تېلېگراف)

## فۇمىڭشيا پەشتاقتىن سۇغا سەكرەش مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاتلانتا، 27 - ئىيۇل تېلېگراممىسى.** ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاياللارنىڭ پەشتاقتىن سۇغا سەكرىشى بويىچە چېمپىيونى فۇمىڭشيا تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شانلىق نەتىجە يارىتىپ، 521.58 نومۇر بىلەن ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ سۇغا سەكرەش مۇسابىقىسىدە 1 - ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

بۈگۈن كەچتە ئۆتكۈزۈلگەن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە فۇمىڭشيا سەپدىشى گوجىڭجىڭ ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بارلىق تۇساالغۇلارنى تۈگىتىپ، بەش ئەركىن تاللاش ھەرىكىتىنى سالماقلىق بىلەن ئورۇنداپ، خېلى زور ئۈستۈنلۈك بىلەن چېمپىيونلار مېدال ئېلىش سەھنىسىگە چىقتى.

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك ئومۇمىي ئەھۋالى

## ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاتلانتا، 27 - ئىيۇل تېلېگراممىسى.** ئاتلانتا شەھەر مەركىزىدىكى ئولىمپىك باغچىسىدا بۈگۈن سەھەردە پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ھەرقايسى مەيدان - سارايلىرىدىكى مۇسابىقىلەر بۈگۈن يەنىلا ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلدى. پەشتاقتىن سۇغا سەكرەش ماھىرى فۇمىڭشيا جۇڭگو

ئاياللارنىڭ 10 مىڭ مېترغا يۈگۈرۈش تەييارلىق مۇسابىقىسىدە ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان بولدى.

باشقا تۈرلەردىكى مۇسابىقىلەردە، جۇڭگو ئاياللار قورغان توپ كوماندىسى ئامېرىكا كوماندىسىدىن يېڭىلىپ، 3:2 نەتىجە بىلەن مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ مېدال ئېلىشتا 4 - بولۇش جېڭىگە تەسىر

ياپونىيە كوماندىسى كانادا كوماندىسىغا ئوتتۇرۇپ قويسا، ئاندىن سەككىز كۈچلۈك كوماندا قاتارىغا كىرەلەيدۇ.

پەي توپ مۇسابىقىسىنىڭ تۆت تۈرىدە سەككىز كۈچلۈك كوماندا ئايرىلدى. بۈگۈنكى مۇسابىقىدە ئاياللارنىڭ تاق ئويۇنىشى بويىچە سەككىز ئۈرۈق ماھىر پۈتۈنلەي ئۆتكەلدىن ئۆتتى. ئاياللارنىڭ تىكتاك توپ جۈپ ئويناش يېرىم ھەل قىلغۇچ

# تاغشەندىكى ھەرقايسى ساھەلەر يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، تاغشەندىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلىدى

## لى پېڭ خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى ۋە تاغشەندە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى



7- ئاينىڭ 28- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ تاغشەندە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە پالەچ كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، يەر تەۋرەشتە يارىلىنىپ پالەچ بولغانلارنى يوقلىدى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تاغشەن، 28-ئىيۇل خەۋىرى.** بۈگۈن تاغشەندە يەر تەۋرىگەنلىكىنىڭ 20 يىللىق خاتىرە كۈنى. تاغشەن شەھىرىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىا بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، تاغشەندىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن، ئەينى يىلدىكى يەر تەۋرەشتە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، قەھرىمان تاغشەن خەلقىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن دىڭ گۇەنگېن، لى تيېيىڭ، ۋۇباڭگو، چى خاۋتيەن، سۇڭ جيەن قاتارلىق كىشىلەرمۇ خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

لى پېڭ سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ئۆتكەن 20 يىل — تاغشەن خەلقى تارىختا يېڭى سەھىپە ياراتقان 20 يىل، ئېغىر تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا تاغشەندىكى كادىرلار ۋە ئاممىا پىداكارلىق كۆرسىتىپ جاپالىق كۈنلەردە بىللە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خارابىلىك ئۈستىدە يېپيېڭى تاغشەننى قۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە قارشى كۈرەش تارىخىدا مۆجىزە ياراتتى.

دەپ تەكىتلىدى: جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توپ مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاساسى قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلالىساق ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلالايمىز.

لى پېڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، تاغشەندىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئەينى يىللاردىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش روھى ۋە غەيرىتىنى چوقۇم جارى قىلدۇرۇپ، تاغشەننى تېخىمۇ ئاۋات، تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقالايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەتتە ئۇيۇشۇپ، جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەپ، جاپالىق ئىگىلىك يارىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرەيلى.

ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېڭ ۋېيگاۋ سۆز قىلىپ، خېبېي ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە ۋەكالىتەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركەزدىكى تارماقلار، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەربىي ۋە خەلققە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: ۋەيران


# چياۋشى لياۋنىڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىش، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنياڭ خەۋىرى.** ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋېيۈەنجاڭى چياۋشى يېقىندا لياۋنىڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ يېڭىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كونا سانائەت بازىلىرىنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ زور نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

چياۋشى كۆزدىن كەچۈرۈش مەزگىلىدە ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شۇنىڭدەك شېنياڭ شەھىرى، دالييەن شەھىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى؛ شېنياڭ ئېغىر تىپتىكى ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، كابېل زاۋۇتى، ئېلېكتر ماتور زاۋۇتى ۋە شەرقىي شىمال باش دورا زاۋۇتى، ئەنشەن پولات-تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى، دالييەن يېڭى كېمىسازلىق زاۋۇتى، دالييەن «يۈنچېڭ» تاختاي چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو «خۇالۇ»- «سۇڭشيا» سىنئالغۇ چەكلىك شىركىتى، داياۋەن پورتى، دالييەن ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ۋە رايون تەۋەسىدىكى دۇڭتاۋ چەكلىك شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈردى، يەنە خۇشى كەنتىگە بېرىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى يوقلىدى، باغلارنى كۆردى.

چياۋشى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىش، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش كېرەك. كارخانا ئىسلاھاتى — ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپە، ۋاقىت

تىرىشىپ يېتىشتۈرۈلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشى، بازار ئېھتىياجىغا قاراپ مەھسۇلاتنىڭ خىللىرىنى كۆپەيتىشى، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ۋە دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن كارخانىلار شۇنىڭدەك تېخنىكا ئۆزگەرتىش جەھەتتە باشلىنىش نۇقتىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كارخانىلارمۇ قانائەتلىنىپ قالماسلىقى، بوشىشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئۈزلۈكسىز ئالغا باسقاندىلا، خەلقئارا ۋە ئىچكى بازارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگىلى بولىدۇ.



7- ئاينىڭ 27- كۈنى 26- نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاياللارنىڭ پەشتاقتىن سۇغا سەكرەش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە جۇڭگو ماھىرى فۇ مىڭشيا 521.58 نومۇر بىلەن يەنە چېمپىيون بولدى.

# شىنجاڭ گېزىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش
نومۇرى: CN 65 — 0002 / Z
(ۋەكالەت نومۇرى: 1 — 57)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان ئالتە بەت)

新疆日报
（维文）

1996 - يىل
ئىيۇل
31
چارشەنبە


## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ نىشانلىق ئوقۇتۇش بويىچە مۇكاپاتلىق دەرس ئۆتۈش پائالىيىتىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر مۇكاپاتلاندى

ئۆز مۇخبىرىمىز مۇنەۋۋەر ئابدۇرېشىت خەۋەر قىلدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى مۇشۇ ئاينىڭ 28-كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە خۇلاسىلەش يىغىنى ئېچىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ نىشانلىق ئوقۇتۇش بويىچە مۇكاپاتلىق دەرس ئۆتۈش پائالىيىتىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرنى مۇكاپاتلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا نىشانلىق ئوقۇتۇش 94- 95- يىللىق ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئىككى يىلدىن بۇيانقى نىشانلىق ئوقۇتۇش تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى. يىغىن جەريانىدا ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر تاللاپ ئەۋەتكەن ئوقۇتقۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا، خەنزۇ تىلى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا، خەنزۇ تىلى، سىياسەت، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق يەتتە دەرسدىن 13 ئورۇندا ئۈچۈق دەرس ئۆتۈپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئاخىرىدا 125 ئوقۇتقۇچى 1-لىكتىن 3-لىككىچە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى، 80 نەچچە ئوقۇتقۇچى ئىلھاملاندۇرۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

---

ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولايلى

## ئاپتونوم رايونلۇق ھال سوراش ئۆمىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن سەمىمىي ھال سورىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز مەھەممەتئىمىن ئوبۇل خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 69 يىللىق خاتىرە كۈنى ھارپىسىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ھال سوراش ئۆمىكى شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملار شىنجاڭ زۇڭدۇيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەردىن ھال سورىدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭدىكى 16 مىليون ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەر، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن سەمىمىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەر ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرى ئارمىيىمىزنىڭ مەقسىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە خىزمەت قىلىشنى قىسىملار خىزمىتىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتى، ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشۇپ، ئۆچمەس نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم، ئىقتىسادى راۋاجلانماقتا، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، مانا بۇ چوڭ ياخشى ۋەزىيەتكە خەلق ئارمىيىسىنىڭ پىداكارلىق كۆرسىتىشى سىڭگەن.

ئۇ مۇنداق دېدى: خەلق ئارمىيىسى مەيلى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىشتە بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



سۈرەتتە: ئاپتونوم رايونلۇق ھال سوراش ئۆمىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرىدىن ھال سورىماقتا.
ئۆز مۇخبىرىمىز سۈي خې فوتوسى

## تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ھەمكارلىق توغرىسىدا ئىزدىنىش

مەملىكەتلىك 9- نۆۋەتلىك بەش ئاپتونوم رايون پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلىرىنىڭ يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز خۇاڭ يۈەنسەي خەۋەر قىلىدۇ: مەملىكەتلىك 9-نۆۋەتلىك بەش ئاپتونوم رايون پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلىرىنىڭ يىغىنى 7-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىن قاتناشچىلىرى يىغىن مەزگىلىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ گېزىت تەشۋىقاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى مەركەز قىلىپ، قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى. ھەرقايسى گېزىتلەر «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئومۇميۈزلۈك، دەل، بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش»، «توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش»، «گېزىتنى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ چىقىرىش» قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى نۇقتىلىق ئالماشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇنىڭدىن كېيىن بەش ئاپتونوم رايون پارتىيە گېزىتىنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، مەسىلەن: باشقا جايلارنى زىيارەت قىلىشقا تەشكىللەش، ماقالە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار ئۈستىدە ئىزدەندى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا يېزا-قىشلاقلارنى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن-مەيدانلىرىنى، نېفت بازىسىنى كۆزدىن كۆچۈردى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە بولغان تەقەززالىق تۇيغۇسى ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

يىغىن مەزگىلىدە بەش ئاپتونوم رايوننىڭ 1995-يىللىق مىللىي يېزىقتىكى ياخشى ماقالىلىرى تاللاپ چىقىلىپ، ئون ماقالە 1-دەرىجىلىك، 22 ماقالە 2-دەرىجىلىك، 31 ماقالە 3-دەرىجىلىك باھالىنىپ مۇكاپاتلاشقا كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، زاڭزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى 23 ماقالە بار. گېزىتىمىزنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە يېزىقتىكى 15 ماقالىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى پارچە ماقالە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بەش پارچە ماقالە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، سەككىز پارچە ماقالە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك بەش ئاپتونوم رايون پارتىيە گېزىتى باش مۇھەررىرلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

## ئاپتونوم رايونلۇق «مەدەنىيەتلىك ياشلار كوللېكتىپى»نى نازارەت قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز مېھرىگۇل تۇردى خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق «مەدەنىيەتلىك ياشلار كوللېكتىپى»نى نازارەت قىلىش كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، ج خ نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، سەھىيە نازارىتى، ... ياشلار كوللېكتىپى»نى نازارەت قىلىش كومىتېتى ئىجتىمائىي كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق «مەدەنىيەتلىك

## ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا «312» دۆلەت تاشيولىنىڭ خوگو بۆلىكىنى ياساۋاتقان ئىشچىلاردىن ھال سورىدى ۋە لەۋ مەيدانىدا ئىش بېجىردى

